## 37753 ـ تەراۋىھ نامىزىدىن كېيىن جامائەت شەكلىدە دۇئا قىلىش توغرىسىدا

### سۇئال

تەراۋىھ نامىزى ، تەراۋىھ نامىزى توغرىسىدا پەيدا بولغان بىدئەتلەر ۋە تەراۋىھ نامىزىدىن كېيىن جامائەت شەكلىدە دۇئا قىلىش توغرىسىدا بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىسلەر بولسا بايان قىلىپ بەرگەن بولساڭلار؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سوئالنىڭ بىرىنچى تارمىقى ئۈچۈن تور بىكىتىمىزنىڭ روزا توغرىسىدىكى كۆزنىكىدىن تەراۋىھ نامىزى ۋە قەدىر كېچى دىگەن تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئەمما تەراۋىھ نامىزىدىن كېيىن جامائەت شەكلىدە دۇئا قىلىش بولسا كېيىن پەيدا بولغان بىدئەت ئىشلاردىن بولۇپ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:كىمكى دىنى ئىشلاردا بىز بۇيرۇمىغان ئىشلارنى قىلىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ قىلمىشى رەت قىلىنىدۇ. [مۇسلىم رىۋايىتى3243-ھەدىس].

تەراۋىھ نامىزىدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ:سۇبهانه مەلىكۇل قۇددۇس دىگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دىگەنلىكى، ئۈچىنچى قېتىمدا يۇقىرى ئاۋازدا دىگەنلىكرىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۇبەي ئىبنى كەئەب رەزىيەللاھۇئەنهۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىداسەببە ھىسمە رەببىكەل ئەئلا، قۇل يا ئەيىۇھەل كاپىرۇن ۋە قۇل ھۇۋاللاھۇ ئەھەد قاتارلىق سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى، سالام بىرىپ بولغاندىن كېيىن: سۇبهانه مەلىكۇل قۇددۇس، سۇبهانه مەلىكۇل قۇددۇس، سۇبهانه مەلىكۇل قۇددۇس دەپ ئاخىرىدا ئاۋازىنى يۇقىرى قىلاتتى. [بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد14929-ھەدىستە، ئەبۇ داۋۇد1430-ھەدىستە، نەسائى1699-نومۇرلۇق ھەدىستە رىۋايەت قىلغان. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ نەسائىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا(1653) كەلتۈرگەن].

ئۇبەي ئىبنى كەئەب رەزىيەللاھۇئەنهۇنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنهۇنىڭ دەۋرىدە جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز قىلغىنىغا ئوخشاش، ۋىتىر نامىزىدا ئىمام قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇيدۇ، جامائەتلەر ئىمامغا ئەگىشىپ، ئىمامنىڭ كەينىدە ئامىن دەيدۇ، بۇ نامازدىن كېيىن جامائەت بولۇپ دۇئا قىلىشتىن ئىبارەت بولغان بىدئەت ئىشتىن بىھاجەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.